قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، مەنىنى كۈچەيتىش، تەسۋىرنى ئاشۇرۇش، تەكىتلەش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسلەن :

(1) يولۇڭغا تولا قاراپ، كۆزلىرىم تېلىپ كەتتى.

(2) ئادىل هوشۇرنىڭ دار ئۇستىدىكى ماهارەتلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ كەتتى.

8) بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈكى ئۆزىدىلا مەلۇم بولغاچقا، كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشۇلمايدۇ.مەسلەن ، هايۋانات، ئادەمزات، چىمەنزار، كائىنات، ئېكىنزار...

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر**

- هازىر جۈملە تىپى بويىچە مەشق قىلايلى.
- ئاۋال مەن ئوقۇي.
- سىلەر دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار.
- جۈملە تىپلىرى
- بويىچە
- مەشق قىل –
- ئاۋۋال
- دىققەت بىلەن

**كۆنۈكمە**

1. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپكۈك شەكلىنى يېزىپ چىقڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| دەرس | ئېتىز | سوتچى |
| ئۇستەل | گېلەم | ئاشپەز |
| قول | لۇغەت | قەغەز |
| كۆز | ساۋاقداش | تېلېفون |
| ئورۇندۇق | زاۋۇت | ياغاچ |

2- تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭلار.

① بۇ مەكتەپلەر يېڭى مەكتەپ.

② مۇئەللىملەر ئۇيغۇرمۇ؟

③ئۇيغۇرچە رومانلار بار، تۈركچە رومانلار پەقەتلا يوق.

④ئۇيغۇرچە دۇنيا خەرىتىسى بار.

① بۇ شەھەرلەر ناھايىتى گۈزەل.

② سىنىپلار ناھايىتى پاكىز.

③ ھازىر دەرس يوقمۇ؟

④ بۇ ئۆيلەر چوڭ ئەمەس.

⑤ بۇ لۇغەتلەر قانداق؟

⑥ بۇ جۈملە بىر قەدەر قېيىن.

3- تۆۋەندە بېرىلگەن تۈركچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

①Bu fabrika çok büyük.

②Yeni gelen öğrenciler çok çalışkan.

③-Oradaki Dergiler Uygurca değil mi?

- Hayır Uygurca değil, Türkçe.

④Gelenler Ali abiler mi?

⑤Tanrı dağları çok yüksek.

⑥Bu topraklar bizimdir, onların değil.

⑦Bizim sınıf çok temiz.

⑧ Bugün ders var mı?

⑨ Bugün öğleden sonra tarih dersi yok, Siyaset dersi var.

⑩ Bu araba benim değil.

## يەتتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| ئا: سىلەرنىڭ | ئۆي<br>يېزا<br>ئاچقۇچ<br>مەكتەپ مۇدىر | قەيەردە؟ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئە: بىزنىڭ | ئۆي<br>يېزا<br>ئاچقۇچ<br>مەكتەپ مۇدىر | ئالتايدا<br>ئوپالدا<br>ئادىلەدە<br>ئىشخانىدا | . |

| | | |
|---|---|---|
| ئا: سىنىپتا ئۇيغۇرچە | خەرىتە<br>كىتاب<br>لۇغەت<br>گېزىت<br>پوۋىست | بار. |

| | | |
|---|---|---|
| ئە: بۇ ئۆيدە | تېلېۋىزور<br>توڭلاتقۇ<br>كىر ئالغۇ<br>سىنئالغۇ<br>دۇتار | يوق. |